ۋولقان بۇغرا

**مۇستەملىكە شەرقىي تۈركىستان ۋە ئۇيغۇرلار**

2018 - يىلى ئىيۇل / 1 - نەشرى

تەكلىماكان ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلدى

ئىستانبۇل - تۈركىيە

# مۇندەرىجە

مۇقەددىمە......................................................................003
بىرىنچى باب:  كوممۇنىست خىتاي تاجاۋۇزچىلارىنىڭ ھازىر شەرقىي تۈركىستاندا
يۈرگۈزىۋاتقان سىياسەتلىرى...........................................................009
ئىككىنچى باب: جەننەت ماكان مۇستەملىكە شەرقىي تۈركىستاندىن تىچىش...080
ئۈچىنچى باب: ئۇيغۇرلارنىڭ ھازىرقى مۇرەككەپ روھى ھالەتلىرى..............121
تۆتىنچى باب: كوممۇنىست خىتاي تاجاۋۇزچىلارنىڭ ئىچكى - تاشقى
سىياسەتلىرى.................................................................................221
بەشىنچى باب: كوممۇنىست خىتاي ئىمپىرىيسىنىڭ تاشقى دىپلوماتىيەسى.......317
ئالتىنچى باب: مۇستەملىكە شەرقىي تۈركىستان سىنى چاقىرىۋاتىدۇ ئۇيغۇر....362
خاتىمە ........................................................................................413

# مۇقەددىمە

شەرقىي تۈركىستاندا ساڭا نېمە بار. نېمە ھەققىڭ بار. ساڭا پوق بارمۇ؟ ئۆتكۈزگەن تارىخىي قانلىق جىنايەتلىرىڭدىن بىر - بىرلەپ ئادالەت قانۇنىغا جاۋاب بېرىپ كۆزۈمدىن يوقال. ئىپلاس ئۇچىغا چىققان ئاچكۆز، تېررورچى مۇستەبىت كوممۇنىست خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى بىلىپ قال جەننەتتەك ئۇلۇغ ۋەتىنىم شەرقىي تۈركىستاننى مېھرىبان شەپقەتلىك ئۇلۇغ ئاللاھ بىز ئۇيغۇر تۈركلەرگە ھەدىيە قىلىپ بەرگەن.

ئەجدادلىرىمىز ئىسسىق قان - ياشلىرى، زۆرۈر تېپىلغاندا بىر غېرىچ يەرگە ئون نەچچە باھادىر ئارسلانلارنىڭ جەسىتىنى كۆمۈپ تۇرۇپ گۈللەپ ياشناتقان. مەن جەننەتتەك بۈيۈك مۇقەددەس ۋەتىنىم شەرقىي تۈركىستاننى دوزاختىن چىققان قۇللۇق بىلەن ئۆرە تۇرۇۋاتقان تاجاۋۇزچىلارغا ئۆگچە تاشلاپ بېرىپ ئەركىن، باياشات يۇرتلارغا بېشىنى ئېلىپ چىقىپ كېتىپ ئىككىنچى دەرىجىلىك پۇقرا بولسىمۇ رازىمەنلىك ئىلكىدە شادىمان كۈلۈپ ياشايدىغان نامەرد، زەپيانە، ئىپلاس، مىكرو ئۇيغۇر تۈرك ئەمەسمەن. مېنىڭ ئاتا - ئانام يۈرىكىمگە شۇنداق كەشتىلەنگەنكى «قۇللۇق بەرگەن پادىشاھلىقتىن، ئەركىنلىك دارىغا مەردلەرچە ئېسىلىپ ئۆل». «باشقا يۇرتتا پادىشاھ بولغۇچە، ئۆز يۇرتۇڭدا ئۇلتام بول». «ئەر يۇرتۇم دەپ ئۆلەر»، «ئۆز يۇرتۇڭ ئامان بولسا، رەڭگى رويىڭ سامان بولماس» بىز ئۇيغۇر تۈرك نوھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈچىنچى ئوغلى يافەسنىڭ ئەۋلادى. كۆك بۆرىنى ئىمىپ چوڭ بولغان ئوغۇزخاننىڭ نەۋرە - چەۋرىلىرى بولۇپ، ئەجداد

روھىنى جۇللاندۇرۇپ ئاچكۆز باسقۇنچى تاجاۋۇزچىلارغا شىردەك ئېتىلىدىغان. قىياغا قونغان بۈركۈتتەك ياشايدىغان ئابدۇرەھىمجان ئابدۇرەشىد ئاكا دېگەندەك «بىز شۇنداق ئەركەك مىللەت. بىز دار ئالدىدا بىر قوشۇق قېنىنى تىلىمەيدىغان، ئۆلۈم ئالدىدا جېنىنى تىلىمەيدىغان، سەپدىشى، قېرىنداشى ئۈچۈن تومۇردىكى ئىسسىق قېنىنى ئۇسسۇزلۇق قىلالايدىغان ھەتتاكى ھېچ ئىككىلەنمەي ھاياتىنى بېغىشلايدىغان شۇنداق مەردانە ئالىيجاناپ مىللەت».

كوممۇنىست خىتاي تاجاۋۇزچىلارنىڭ ئىنسانىيەت ـ ئىنسانىيەت بولۇپ يارالغاندىن بۇيان پەقەتلا كۆرۈپ باقمىغان ئىنسانىيەت ھازىرقىدەك ئۈچقاندەك تەرەققىي قىلىپ كۆزلەرنى قاماشتۇرغىدەك بىباھا نەتىجىلەرنى يارىتىپ، جاھانىنىڭ بۇلۇڭ ـ پۇشقاقلىرىنىمۇ ئەركىنلىك، دېموكراتىيە، كىشىلىك ھوقۇق، ئىنسانىي ھوقۇق، دىنى ئەركىنلىك ھوقۇقى ۋە ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقلىرىغا چۆمدۈرۈش ئۈچۈن تىنىم تاپماي ھەرىكەت قىلىۋاتقان بۈگۈنكىدەك كۈندە بىز ئۇيغۇرلارغا كۈچلۈك بىسىم ئاستىدا مەجبۇرىي كېلىۋاتقان دەھشەتلىك قەتلىئام، ئىرقىي يوقۇتۇش، ئاسلىماتسىيە قىلىش، قانلىق تالان ـ تاراج قىلىشلارنى ئەركىن ياشاۋاتقان ھۆر ئىنسانلارغا سۆزلەپ بەرسەك خۇددى رىۋايەتلەردىكى قەبىھ ياۋايى قىلمىشلارنى، ئەپسانىلەرنى ئاڭلاۋاتقاندەك ئىشەنمەيدىغانلارمۇ بار ئىكەن.

لېكىن ئالتۇن دەسسەپ تۇخۇم ئوغرىلاۋاتقان شەرقىي تۈركىستانىنىڭ خوجايىنلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ قان ـ ياشلىرىنى دەرىيادەك تۆكۈپ ئېيتىۋاتقان ھەر بىر سۆز ھەرىكەتلىرى ئەمەلىيەتتۇر.

ئابدۇقادىر جالالىدىن «شۇنداق بىر يەرلەر باركى ھەقىقەتنى سۆزلىسەڭ ھۆرمەت، ئىززەت تاپىسەن. يەنە شۇنداق يەرلەر باركى ھەقىقەتنى سۆزلىسەڭ دارغا ئېسىلىسەن».

مەن ئۇلۇغ ۋەتىنىم شەرقىي تۈركىستاندا چىش يېرىپ بىر ئېغىز

زۇۋان سۆزگىلى بولمايۋاتقان. بىر قەدەمنىمۇ رۇخسەتسىز مېڭىشقا پەقەتلا ئىمكانىيەت بەرمەيۋاتقان ئەھۋالدا يۈرەك باغرىم قاتتىق قان زەرداپقا تولۇپ، مۇمكىن بولسا ۋولقان كەبى پارتىلاپ، كوممۇنىست خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى پولات چېۋىقتا ئۆمۈچۈك توردەك زىچ توقۇلغان قۇللۇقنىڭ ئىسسىق قان ئېقىپ تۇرغان زەنجىرنى بىر يولدا كۆيدۈرۈپ كۈلىنى كۆككە سورىۋەتكەن بولسام، تولىمۇ ئەپسۇس......

مەن قانچىلىك بەدەل تۆلىشىمدىن قەتئىينەزەر ئۆزۈمچىگە چىقىپ ئۇلۇغ ئانىمىز رابىيە قادىرنىڭ سودا سارىيى ئالدىدا ئۆزۈمگە ئوت قويۇۋېلىشنى شۇ ئارقىلىق ئۇيغۇرلارنىڭ ئاھۇ زارىنى ئوتلۇق تەلپۈنۈشنى پۈتۈن دۇنياغا ئاڭلاتماقچىمۇ بولغان ئىدىم. نىمە ئېپلاس، رەزىل، تېررورلۇق مەخسەت - مۇددىئا يوشۇرۇندى پەقەتلا بىلمەيمەن ئىشقىلىپ نەچچە ئون مىڭ يۈەن خەجلەپمۇ ئۈنىڭغا - بۇنىڭغا تولا يال ئۇرۇپمۇ ئالالمايدىغان پاسپورتنى توساتتىن بېجىرىپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن مەن نىمە بولسام بولاي دەپلا دەرھال ھەرىكەت قىلىپ ئالدىدا كەينىمگە قارىماي چەت ئەلگە زور ئۈمىد باغلاپ، پانى ئالەمگە بارماي تۇرۇپلا دوزاخ ئازابىنى يەتكۈچە تارتىۋاتقان سۆيۈملۈك خەلقىمنىڭ ئارزۇ - ئارمانلىرىنى يۈرەككە كەشتىلەپ خەلق ئالەمگە يەتكۈزۈش ئۈچۈن بەدەر قاچتىم.

مەن تۈركىيەگە قەدەم باسقاندىن كېيىن خۇددى تۆمۈر قەپەزدىن مىڭ مۇشەققەتتە ئۇچۇپ چىققان قۇشتەك ئۆزۈمنى ئەركىن ھېس قىلدىم. دېمىسىمۇ تۈركىيە بىلەن كوممۇنىست خىتاي تاجاۋۇزچىلارنىڭ شۇنداقلا مۇستەملىكە شەرقىي تۈركىستاننى ئون نەچچە مىليون پارازىت قۇرت ئەسەبىيلەرچە غاجىلاۋاتقان بۈگۈنكى كۈندىكى سىياسىي، قانۇن جەھەتلەردە ئاسمان زېمىن پەرق قىلىدىكەن. ئۆزۈمنى شۇ تۇرقىدا دوزاختىن توساتتىن جەننەتكە چىقىپ قالغاندەك ھېس قىلماقتا ئىدىم. ئەمما كوممۇنىست خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى

تەرپىدىن مۇستەملىكە شەرقىي تۈركىستان ۋە سۆيۈملۈك خەلقىم ياۋا توڭگۇز تەرپىدىن چەيلەنگەن گۈلزارلىقتىكىدەك ھالىتى يۈرۈكۈمنى ئەسەبىيلەرچە چايانىدەك چاقماقتا ئىدى.

بىزدەك مۇستەملىكە ئەل خەلقلىرى كوممۇنىست خىتاي تاجاۋۇزچىلارنىڭ دۇنياغا خوجا بولۇش تىن ئىبارەت رەزىل، ئىپلاس پىلانلىرىغا ئەڭ چوڭ توسالغۇ دەپ ئۇيلىغاچقا ھازىر قولدىن كېلىدىغان ئەۋزەل شارائىتتا ئىنسانىيەتكە ۋە ئۇلۇغ ئاللاھنىڭ يارالمىش قانۇنىيەتلىرىگە قارشى جىنايەت ئۆتكۈزىۋاتىدۇ.

بىزدەك قۇللۇقتا بىر ئۆلۈپ بىر تىرىلىپ ئاچ - توق ياشاۋاتقان مەزلۇملاردا نەدىمۇ كۆپ مال - دۇنيا بولسۇن دەيسىز بىز تۈركىيەگە ئارانلا چىققان تۇرساق، تۈركىيەنىڭ ئىستىمال سەۋىيەسى ۋە پۇل پەرقى بىزنى قاتتىق گاڭگىرتىپ قويدى.

مەن بىر ئاشخانىدا ئىشلىدىم، ئاياليم تۈركچە كۇرۇستا ئوقۇدى. ئاشخانا جاھاندىكى ھەممە گەپ - سۆزلەر قايناىدىغان، ھەر خىل ئادەملەر بىلەن تونۇشىدىغان، پىكىر ئالماشتۇرىدىغان سىرلىق جاي ئىكەن. مەن ئاشخانىدىن بىكار ۋاقىتلىرىمىزدا ئۇيغۇرلار مىڭ بىر جاپا مۇشەققەتلەردە ئاچقان ئىككى كىتابخانىدىن شەرقىي تۈركىستاندا كۆرۈش تۈگۈل ئىسمىنى ئېغىزغا ئېلىشتىن قاتتىق قورقىدىغان مۇبادا كوممۇنىست خىتاي تاجاۋۇزچىلار سىزىپ قالىدىغان بولسا شۇ تامام ئۆزىگە مۇناسىۋەتلىك بارلىق ئادەملەر شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدىلا تۈگۈلگىنىغا مىڭ بىر پۇشايمان قىلىپ ھاياتىنى خازاڭ قىلىدىغان كىتابلارنى كۆرۈش ۋە ئوقۇش پۇرسىتىگە ئېرىشتىم. (مەن بۇ يەردە مۇشۇنداق يۈرەك قىنىنى سەرپ قىلىپ مۇشۇنداق ئەۋزەل شارائىت ھازىرلىغان ئابدۇجېلىل تۇران، سىراجىدىن ئەزىزى، مۇھەممەد يۈسۈپ ۋە بارلىق سۆيۈملۈك كىشىلەرگە ۋە باھادىرلارغا خەلقىم نامىدىن رەھمەت ئېيتىمەن، رەھمەت سىلەرگە.) مەنمۇ شەرقىي تۈركىستاننىڭ سۈتىنى

ئېمەس چوڭ بولغان پەرزەنتىمەن. ئىنسانىيەتكە ۋابا تارقىتىدىغان
ئېپلاس ئاچكۆز، تېرورچى، لۈكچەك، قاراقچى، مۇستەبىت، باسقۇنچى
تارىختىكى خاتا يېغىن يالتا يىغىنىنىڭ ئاخىرقى مىكروسى كوممۇنىست
خىتاي تاجاۋۇزچىلارنى شەرقىي تۈركىستاندىن قوغلاپ چىقىرىش ھەر
قانداق بىر ئۇيغۇرنىڭ تارىخى بۇرچىدۇر. بۇ تارىخىي بۇرچىدىن ھەر
قانداق بانا سەۋەبلەرنى كۆرسىتىپ باش ئېلىپ قېچىش ھايۋانلاردىمۇ
يوق بىر خىل شەرمەندىچىلىكتۇر.

مەن شەرقىي تۈركىستاننىڭ تەقدىرى ئۈستىدە بىر پارچە كىتاب
يېزىپ چىقىشنى ئويلاپ دەرھال قولۇمغا قەلەم ئالدىم. يازغانلىرىم
گەرچە دېڭىزدىن تامچە بولسىمۇ، ئەمما ئاشۇ بىر تامچە سۇدىمۇ
قۇياشنىڭ ئالتۇن نۇرلىرى جۇلالىنىپ تۇرىدۇ.

سۆيۈملۈك ئەزىز كىتابخان! سىز ئۇشبۇ كىتابنى ئوقۇغان ۋاقتىڭىزدا
قورچاق ئىسىملار، يەر - ناملىرى، پۇل ئىسىملىرىنى ئۇچراتقان
ۋاقتتا ئەسەرنىڭ ئېھتىياجىكەن دەپ قارىغايسىز. مەنچە كومنىست
خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى ئۇلۇغ ۋەتىنىمىز شەرىق تۈركىستاننى قۇراللىق
بېسىۋالغاندىن كېيىن قويغان قورچاق ئاتالغۇلارنى... ئۇيغۇرلار ئەسلا
قوبۇل قىلمايدۇ. ئىدىيىڭىزدىن ئۆتمەيدىغان يەرلەر، پىكىرلەر، بايانلار
بولسا ئەپۇ قىلىشىڭلارنى تۆۋەنچىلىك بىلەن سورايمەن، ئەگەر
زىيادە سەزگۈرلۈك بولسا ئەستايىدىل سوغۇققانلىق بىلەن مۇئامىلە
قىلىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

مەن شەرقىي تۈركىستان تارىخىنى يازمىدىم پەقەت ھازىرقى
ئەھۋالنى ئۇيغۇر روھىي ھالەتلىرىنى شۇنداقلا كوممۇنىست خىتاي
تاجاۋۇزچىلارنىڭمۇ ئىچكى - تاشقى ئەھۋالى توغرىلىقمۇ توختالدىم.